ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتايلى

# گولمۇد ـ كورلا تۆمۈريولىنىڭ ئالتۇنتاغ تونېلىدا رېلىس ياتقۇزۇپ بولۇندى



5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، ئىشچىلار ئالتۇنتاغ تونېلى ئىچىدە رېلىس ياتقۇزماقتا. شۇ كۈنى، گولمۇد ـ كورلا تۆمۈريولى(شىنجاڭ بۆلىكى)دىكى ئەڭ ئۇزۇن تونېل ــ ئالتۇنتاغ تونېلىدا رېلىس ياتقۇزۇش ۋەزىپىسى تاماملاندى.

□ چېن جيەنفېي فوتوسى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لۇ فېڭباۋ**، ئىختىيارىي مۇخبىر **مۇ جېيپىڭ** خەۋەر قىلىدۇ: قۇرۇلۇش ئىشچىلىرىنىڭ ئۈچ يېرىم يىل جاپالىق جەڭ قىلىشى ئارقىلىق، 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، گولمۇد ـ كورلا تۆمۈريولى(شىنجاڭ بۆلىكى)دىكى ئەڭ ئۇزۇن تونېل ــ ئالتۇنتاغ تونېلىدا رېلىس ياتقۇزۇش ۋەزىپىسى تاماملاندى.

ئالتۇنتاغ تونېلى چاقىلىق ناھىيەسى تەۋەسىگە جايلاشقان بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 13 مىڭ 195 مېتىر كېلىدۇ، گولمۇد ـ كورلا تۆمۈريولىنىڭ پۈتۈن لىنىيەسىدىكى نۇقتىلىق كونترول قىلىش خاراكتېرىدىكى قۇرۇلۇش ھېسابلىنىدۇ. بۇ تونېل ئېگىزلىكتىكى ئېگىز ھەم سوغۇق چۆللۈكتىكى ئادەمسىز رايونغا جايلاشقان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 3500 مېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 2.5 سېلسىيە گرادۇس، ئەڭ سوغۇق تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 37 سېلسىيە گرادۇس. ئالتۇنتاغ تونېلى شېغىلسىز يول قىنى قىلىپ لايىھەلەنگەن، يانتۇلۇقى 16‰لىك دۆڭ يول بولۇپ، يەككە لىنىيەلىك تونېل ئېرىقى، كابېل ئوقۇرى قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىدە، ھازىرقى قۇرۇلۇش ئۈسكۈنىلىرى، ھۈنەر ـ سەنئىتى ۋە مەشغۇلات بوشلۇقى تەلەپنى قاندۇرالمايدۇ، بۇ، شىنجاڭ بۆلىكىدە رېلىس ياتقۇزۇش باشلانغاندىن بۇيانقى يېڭىش ئەڭ قىيىن بولغان «قاتتىق قىيىنچىلىق» بولدى.

«بىز ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، رېلىس ياتقۇزۇش پويىزىنىڭ قۇيرۇق قىسمىغا يۆگەش ماشىنىسى ئورنىتىش، كۆۋرۈك سېلىش ماشىنىسىنىڭ ئۈستىگە تولۇق قاتارلىق ئۈسكۈنىلەرنى ئورنىتىش ئارقىلىق، ئۇزۇن رېلىسنى رېلىس ياتقۇزۇش پويىزىدا كۆۋرۈك سېلىش ماشىنىسىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن قاچىلاش ماشىنىسىدا بىر قېتىمدىلا توشۇپ، جايىغا ئاپىرىپ، ئالتۇنتاغ تونېلىدا رېلىس ياتقۇزۇشنى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلدۇق» دېدى جۇڭگو تۆمۈريول 1 ـ ئىدارىسى شىنيۈەن شىركىتى گولمۇد ـ كورلا تۈر بۆلۈمىنىڭ دىرېكتورى خۇاڭ كېجۈن.

گولمۇد ـ كورلا تۆمۈريولى (شىنجاڭ بۆلىكى)نىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 708 كىلومېتىر بولۇپ، شىنجاڭدىن چىقىدىغان 3 ـ تۆمۈريول، شۇنداقلا دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي رايونىدىكى مۇھىم تۆمۈريول تورى غول لىنىيەسى ۋە شىنجاڭدىكى «ئۇزۇنسىغا تۆت، توغرىسىغا تۆت» تۆمۈريول ئاساسىي رامكىسىنىڭ بىرى بولۇپ، ھازىر 656.2 كىلومېتىر رېلىس ياتقۇزۇپ بولۇندى، قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇن كۈنىگە 1.5 كىلومېتىر رېلىس ياتقۇزۇش سۈرئىتى بىلەن ئالغا سىلجىتقاندا، 7 ـ ئايدا شىنجاڭ بۆلىكىدە رېلىس ياتقۇزۇش ۋەزىپىسى تاماملىنىپ، 10 ـ ئايدا قاتناش باشلاش شارائىتى ھازىرلىنىدىغانلىقى مۆلچەرلەندى.

گولمۇد ـ كورلا تۆمۈريولىدىن باشقا، ئاپتونوم رايونىمىزدا ياسىلىۋاتقان ئالتاي ـ كۆكتوقاي ـ شەرقىي جۇڭغار تۆمۈريولىنىڭ ئالتاي ـ كۆكتوقاي بۆلىكىدە 84.3 كىلومېتىر رېلىس ياتقۇزۇپ بولۇندى، 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرى رېلىس ياتقۇزۇش ۋەزىپىسى تاماملىنىدىغانلىقى مۆلچەرلەندى؛ خوتەن ـ چاقىلىق تۆمۈريولىدا 37 كىلومېتىر رېلىس ياتقۇزۇپ بولۇندى، كېلەر يىلى 4 ـ ئايدا رېلىس ياتقۇزۇش ۋەزىپىسى تاماملىنىدىغانلىقى مۆلچەرلەندى.

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ـ قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# جېڭ يىلۇڭ: خەلق ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغان سادىق قوغدىغۇچى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى گۇاڭجۇ تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان (ليۇ شىن، لى شياۋخۇي، لياۋ بىنخۇا)** جېڭ يىلۇڭ، گۇاڭدۇڭ چاۋياڭدىن، 1979 ـ يىلى 1 ـ ئايدا تۇغۇلغان، 1997 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ھەربىي سەپكە كىرگەن، 1998 ـ يىلى 12 ـ ئايدا پارتىيەگە كىرگەن، سابىق قوراللىق ساقچى قىسىم گۇاڭدۇڭ باش ئەترىتى گۇاڭجۇ تارماق ئەترىتى 4 ـ چوڭ ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي جىياۋداۋيۈەنى بولغان. 2013 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، جېڭ يىلۇڭ سىرتقا كېسەل كۆرسەتكىلى چىقىپ جۇجياڭ دەرياسىنىڭ شىدى پىرىستانىدىن ئۆتكەندە، سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئاممىنى قۇتقۇزۇش يولىدا قۇربان بولغان، قوراللىق ساقچى قىسىم تەرىپىدىن «خەلق ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغان سادىق قوغدىغۇچى» دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلگەن، «مەملىكەتلىك ئەخلاق نەمۇنىچىسى» بولۇپ باھالانغان.

«تىرىشچانلىقنى تۇغما قابىلىيەت دەپ بىلىپ، مەقسەتكە يەتمىگۈچە توختىمايمەن دەپ قەسەم بېرىش». بۇ، سەپداشلىرىنىڭ جېڭ يىلۇڭغا بولغان تەسىراتى. 1998 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، تۇرۇشلۇق جايدا پەۋقۇلئاددە زور كەلكۈن ئاپىتى يۈز بەرگەن. يۇقىرىدىن ئەسلىدە ئۇنى قېيىقلىقتا ئورۇنلاشتۇرغان بولسىمۇ، جېڭ يىلۇڭ ئىرادىنامەسىنى ئېلىپ تارماق ئەترەت رەھبەرلىرىنى ئىزدەپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەلەپ قىلىپ، كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ بىرىنچى سېپىگە بېرىپ تاش كۆتۈرگەن، قۇم خالتا يۆدىگەن، دامبا ئاستىدا ھاسىل بولغان چاشقان قورۇقنى توسۇغان. بىر قېتىم ئۇ كاتېر ھەيدەپ ئاممىنى يۆتكىگەندە، ئەمدىلا شوتا بىلەن 3 ـ قەۋەتكە چىقىپ 60 نەچچە ياشقا كىرگەن بوۋاينى يۆدەپ چىقىشى بىلەنلا، بىنا ئۆرۈلۈپ چۈشكەن.

جىداۋيۈەن بولغان چاغدا، جېڭ يىلۇڭ نامى چىققان «جان تىكىپ كۆرەش قىلىدىغان ئەزىمەت» ئىدى. ئوتتۇرا ئەترەتنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ئۇ دائىم ئىسمىنا قوشۇپ تاڭ ئاتقۇچە ئىشلىگەن، ئوتتۇرا ئەترەت قۇرۇلۇشىدا زور ياخشىلىنىش بولغان، ئەمما ئۆزى بەل ئومۇرتقا ئارىلىق تەخسىسى ئېغىر دەرىجىدە پولتىيىپ چىقىش كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان. دوختۇر بىرنەچچە قېتىم ئۇنىڭغا ئوپېراتسىيە قىلىشنى ئېيتقان بولسىمۇ، ئۇ خىزمەتكە تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن پەقەت ئۇۋۇلاپ ئورنىغا كەلتۈرۈشتەك ئاددىي داۋالاشنىلا قىلغۇزغان. ئاخىردا كۆپ يىل ئارقىدا قالغان ئوتتۇرا ئەترەت ئىلغارلار قاتارىغا كىرگەن.

2013 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، بىر ساياھەتچى گۇاڭجۇ شەھىرى جۇجياڭ دەرياسىنىڭ شىدى پىرىستانىنىڭ سۇ كۆرۈش سۇپىسىدا ئېھتىياتسىزلىقتىن دەرياغا چۈشۈپ كەتكەن. كېسەلنى كۆرسىتىش ئۈچۈن بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان جېڭ يىلۇڭ دەرھال ۋەقە يۈز بەرگەن جايغا قاراپ ئېتىلغان. يۈگۈرگەچ ھەربىي فورما ۋە ئايىغىنى سېلىۋېتىپ، دەرياغا سەكرىگەن.

سۇ كۆرۈش سۇپىسىنىڭ قىرى سۇ يۈزىدىن تەخمىنەن ئىككى مېتىر ئېگىز، يەنە كېلىپ ياماشقۇدەك بىرەر نەرسە بولمىغاچقا، جېڭ يىلۇڭ بىر قولىدا سۇ ئۈزۈشنى بىلمەيدىغان سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ساياھەتچىنى تۇتۇۋېلىپ، يەنە بىر قولىدا كۈچەپ ئېقىنغا قارشى ئۈزۈپ يېقىن ئەتراپتىكى لەيلىمە تاختىغا قاراپ ئۈزگەن. تۇيۇقسىز، بىر شىددەتلىك دولقۇن ئىككى ئادەمنى ئايرىۋەتكەن، جېڭ يىلۇڭ بىردىنبىر قۇتقۇزۇش چەمبىرىكىنى ساياھەتچىگە ئۆتكۈنۈپ بەرگەن، ئەمما ئۇ شىددەتلىك دەريا سۈيىدە ئېقىپ كەتكەن. 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى كەچ سائەت 8دىن 50 مىنۇت ئۆتكەندە، جېڭ يىلۇڭنىڭ جەسىتى سۈزۈپ قىرغاققا ئېلىپ چىقىلغان، 34 ياشلىق ياش ھايات باھاردا دولقۇنلىغان جۇجياڭ دەرياسىدا مەڭگۈلۈك قېپقالغان.

قەھرىمان يىراققا كەتمىدى، قۇربان بولۇش مەڭگۈلۈك مەۋجۇت بولۇشتۇر. ھەر يىلى چىڭمىڭدا ۋە جېڭ يىلۇڭ قۇربان بولغان خاتىرە كۈنىدە، كىشىلەر جۇجياڭ دەرياسى بويىغا بېرىپ قەھرىماننى ياد ئېتىدۇ. جېڭ يىلۇڭنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرى قوراللىق ساقچى قىسىم گۇاڭدۇڭ باش ئەترىتىدىكى ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنى تەسىرلەندۈردى، «جېڭ يىلۇڭ» بىر مەنىۋى بەلگىگە ئايلىنىپ، ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. تۇرۇشلۇق جايدا كەلكۈن قاتارلىق تۇيۇقسىز ئاپەتلەر يۈز بەرگەندە، باش ئەترەت «جېڭ يىلۇڭ زەربىدارلار ئەترىتى»نى تەشكىللەپ، تۇرۇشلۇق جايدىكى ئامما بىلەن بىرلىكتە خەتەردىن، ئاپەتتىن قۇتقۇزىدۇ. كەلكۈن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، «جېڭ يىلۇڭ خەلقنى سۆيۈش مۇلازىمەت ئەترىتى» ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ ھال سوراش بۇيۇملىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىدۇ.

دەۋر ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى، لېكىن ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا ئېقىۋاتقان «جېڭ يىلۇڭ روھى» ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ، توختىماي ئۆركەشلەپ ئاقماقتا.

# لەن خۇي: ئاممىنى ھەر ۋاقىت كۆڭلىگە پۈكتى



لەن خۇينىڭ سۈرىتى.

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى چېڭدۇ تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان (مۇخبىر ۋۇ شياۋيىڭ)** بىخەتەرلىك ۋە قاتناشقا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىم بولغان ئۈچ يىلدا، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كۈنىگە 200 كىلومېتىردىن ئارتۇق يول يۈردى، ئاپتوموبىلدىن ھەر دائىم ھەربىيلەر چاپىنى، يامغۇرلۇق سايمانلىرى، ئوزۇق ـ تۈلۈكنى ئايرىمىدى، ئاغرىپ قېلىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ ئوپېراتسىيە قىلىنسىمۇ، خىزمەتنى ئەستىن چىقارمىدى، ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيتلىرىدە يەنە قاتناش قۇرۇلۇشى ۋە كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش نەق مەيدانىدا كۆرەش قىلدى ــ ئۇ دەل لەن خۇي بولۇپ، ئاددىي، ئەمما ھەر ۋاقىت خەلقنى كۆڭلىگە پۈككەن ئاساسىي قاتلام كادىرى.

لەن خۇي سىچۈەن ئۆلكىسى مېيەنياڭ شەھىرىنىڭ بېيچۈەن چياڭزۇ ئاپتونوم ناھىيەسى چۈشەن بازىرىدىكى بىر ئاددىي خويزۇ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، 1992 ـ يىلى 10 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن. ئىلگىرى بېيچۈەن ناھىيەلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شۇجىسى، تۇڭكۇ بازارلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، بازار باشلىقى، پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ناھىيەلىك ھۆكۈمەت ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن ھاكىم قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

2013 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، لەن خۇي يېزا ـ بازار يوللىرى ۋە بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى تەكشۈرۈۋاتقاندا بەختكە قارشى ياردىن چۈشۈپ كېتىپ، خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولدى. شۇ يىلى ئەمدىلا 48 ياشتا ئىدى. 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، بېيچۈەندە سىم ـ سىم يامغۇر يېغىۋاتاتتى، 1000دىن ئارتۇق كادىر، ئامما ئۆزلۈكىدىن دەپنە ئىدارىسىگە بېرىپ، ئۇنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۇزىتىپ قويدى.

خىزمەتكە قاتناشقاندىن بۇيان، لەن خۇي باشتىن ـ ئاخىر پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرىنى قەلبىدە ئەڭ يۇقىرى ئورۇنغا قويغان، ئۇ ھەر ۋاقىت «يا ئوقى كېرىچتە تۇرغاندەك» خىزمەت ھالىتىنى ساقلاپ، ئۆزىنى ئۇپراتسىمۇ، خىزمەتنى ئاقسىتىپ قويمىغان. ۋېنچۈەندىكى پەۋقۇلئاددە زور يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇشتا، ئۇ يەر تەۋرەش ئاپىتىگە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىدە چىڭ تۇرۇپ، قازا قىلغان ئۈچ تۇغقىنىنى ئىزدەشكە ۋاقىت ئاجرىتالماي، كەينى ـ كەينىدىن «ھاياتلىق لىنىيەسى»نى راۋانلاشتۇرۇشنى تەشكىللىگەن؛ ئاپەتتىن كېيىنكى قايتا قۇرۇشتا، ئۇ قاتناش ـ ترانسپورت، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىق ئەڭ مۇشكۇل، ئەڭ جاپالىق خىزمەت ۋەزىپىسىنى باتۇرلۇق بىلەن ئۈستىگە ئېلىپ، ئاممىنىڭ «خاتىرجەم يول»دا مېڭىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، بېيچۈەندە ئۈچ يىل ئېغىر، زور بىخەتەرلىك ھادىسىسى يۈز بەرمەسلىكنى ئىشقا ئاشۇرغان.

لەن خۇينىڭ خىزمەتدىشى چېن گۇشېڭ مۇنداق دېدى: خىزمەت ئالدىراش بولغاچقا، لەن خۇي بەزىدە بىر كۈندە ئاران ئىككى ـ ئۈچ سائەتلا ئارام ئالاتتى، چارچىغاندا، ئۇيقۇسى كەلگەندە ئاپتوموبىلدا بىردەم يېتىۋالاتتى. بويى 1.72 مېتىر بولسىمۇ، ئېغىرلىقى 60 كىلوگرامغا يەتمەيتتى، ئۇنىڭدا بوۋاسىر، مەقئەت ئاقمىسى كېسىلى بولۇپلا قالماي، يەنە ناھايىتى ئېغىر ئاشقازان كېسىلى، جىگەر كېسىلى بار ئىدى.

«ئادەم ئۆزىنىلا ئويلىماسلىقى، باشقىلارنى كۆپرەك ئويلىشى كېرەك.» بۇ لەن خۇينىڭ غايىسى بولۇپ، مەيلى ئادەم بولۇشتا ياكى ئەمەلدار بولۇشتا بولسۇن، ئۇ بۇنىڭغا ئەمەل قىلغان. ئۇ ھەمىشە ئاممىنىڭ ئىشىنى چوڭ ئىش دەپ قاراپ پۈتۈن ھېسسىياتى بىلەن كۆڭۈل بۆلۈپ، كۆڭۈل قويۇپ ئىشلىگەن، كىشىلەر لەن خۇي قىشتىكى ئوتقا ئوخشايدۇ، نەگىلا بارسا شۇ يەرنى ئىللىتىدۇ، دېيىشەتتى. كۆپ يىلدىن بۇيان، لەن خۇي باشتىن ـ ئاخىر ئاممىنى تۇغقىنىدەك كۆرۈپ كەلگەن، بېيچۈەندىكى نۇرغۇن ئامما لەن خۇينىڭ تېلېفون نومۇرىنى پىششىق بىلەتتى، ئامما قىلغان بىر تېلېفوننىمۇ ئۇ كۆڭلىدە ساقلاپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 200گە يېقىن تۇرمۇش قىيىنچىلىقى بار ئاممىغا ياردەم قىلغانىدى.

لەن خۇي كېتىپ قالدى، ئۇ پۈتۈن ئۆمرىنى سەرپ قىلىپ، يۇرتىنىڭ تاغ ۋە يوللىرىنى كېزىپ چىقتى، شۇنداقلا يۇقرالارنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالدى. بەينى يېزىسىدىكى زەنجىر كۆۋرۈك بۇ مۇنەۋۋەر سەپەن مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئۆز ئىختىيارىي بىلەن چەتياقا رايونغا بېرىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش سەپىرىنى ئېسىدە ساقلىۋالدى؛ لىيگۇ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى پاكار پارتىلار بۇ ياش ئوقۇتقۇچىنىڭ يېرىم كېچىگىچە تاپشۇرۇق تەكشۈرگەن ھارغىن ھالىتىنى ئېسىدە ساقلىۋالدى؛ ناھىيەلىك ئىتتىپاق كومىتېتى ئىشخانىسى بۇ ئوت يۈرەك ئىتتىپاق كادىرىنىڭ ئۈمىد باشلانغۇچ مەكتىپىنى قۇرۇش ئۈچۈن قىلغان 1000دىن ئارتۇق تېلېفوننى ئېسىدە ساقلىۋالدى...

قەھرىمان ۋاپات بولغان بولسىمۇ، روھى مەڭگۈ ساقلىنىدۇ. لەن خۇي خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى» «مەملىكەت بويىچە خەلق رازى بولغان مەمۇر» «مەملىكەتلىك 1 ـ ماي ئەمگەك مېدالى» قاتارلىق شەرەپلىك ناملار تولۇقلاپ بېرىلدى. بېيچۈەن ناھىيەسى پۈتۈن ناھىيەدىكى پارتىيەلىك كادىرلارغا يولداش لەن خۇينى ئۆلگە قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ، «لەن خۇيدىن ئۆگىنىپ، ھەرىكەتتە كۆرسىتىش، ئاممىنىڭ ياخشى سىرداشى بولۇش» قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، لەن خۇي ياردەم بېرىش ـ يۆلەش مەبلىغى تەسىس قىلىپ، قىيىنچىلىقى بار پارتىيە ئەزالىرى ۋە كەنت (مەھەللە) كادىرلىرىغا ياردەم بەردى.